## 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
## تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

«خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش» يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش مەخسۇس تېمىلىق كۆرگەزمىسى ۋۇخەندە قانات يايدۇرۇلدى

# شىنجاڭنىڭ خۇبېينىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن كۆرۈنۈشلىرى كۆرگەزمە زالىدا قايتا نامايان بولدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، «خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش» يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش مەخسۇس تېمىلىق كۆرگەزمىسى خۇبېي ۋۇخەندە باشلاندى، شىنجاڭنىڭ خۇبېينىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىغا ياردەم بەرگەن كۆرۈنۈشلىرى كۆرگەزمە زالىدا قايتا نامايان بولۇپ، كىشى قەلبىنى زىلزىلىگە سالغان، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يەڭگەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش مۇساپىسى خاتىرىلەندى.

بۇ قېتىمقى مەخسۇس تېمىلىق كۆرگەزمە جەمئىي ئالتە باش تېما مەزمۇنى كۆرگەزمە رايونىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، 1100دىن ئارتۇق سۈرەت، 1000دىن ئارتۇق ئەمەلىي كۆرگەزمە بۇيۇمى، 45 سىن، 33 چوڭ تىپلىق كۆرۈنۈش كۆرگەزمە قىلىنىدى.

«ھەممە تەرەپ ياردەم بېرىش، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىش» كۆرگەزمە رايونى كىشىلەرنى ئەڭ تەسىرلەندۈردى. يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى يۈزبەرگەندىن كېيىن، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ ئەڭ قىيىن پەيتىدە، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى داۋالاش ئەترەتلىرى كېچىلەپ تېزدىن ياردەم بېرىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتىكى ئەڭ گۈزەل «مەركەزداش چەمبەر»نى سىزىپ چىقتى، شىنجاڭ دەل شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر مۇھىم كۈچ. ئەمەلىي بۇيۇملار كۆرگەزمىسىدە، شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت بايرىقى يۇقىرى تەرەپكە ئېسىلغان بولۇپ، كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى.

قىزىل قەلبلەر دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرىدۇ. شىنجاڭ داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرى ئايرودرومغا يىغىلىپ يولغا چىققان چاغدىكى كۆرۈنۈش، دوختۇر - سېستىرالارنىڭ يولغا چىققاندا خوتۇنى بىلەن چوڭقۇر مۇھەببەتلىك خوشلاشقان سۈرىتى، شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت ئەزالىرىنىڭ ئىسمى لىق يېزىلغان مۇداپىئە كىيىملىرى... ھەربىر پارچە سۈرەت، ھەربىر ئەمەلىي بۇيۇم شىنجاڭدىكى كەڭ تېببىي خىزمەتچىلەرنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ، تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن خۇبېيغا ياردەم بېرىپ، بەجانىدىللىق بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خىزمەت قىلغان كىشىنى تەسىرلەندۈرىدىغان كۆرۈنۈشلىرىنى جانلىق قايتا ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەتەرلىك پەيتتە ئورغۇپ چىققان ۋەتەننى سۆيۈش ھېسسىياتى، دۆلەتكە جاۋاب قايتۇرۇش ھەرىكىتىنى نامايان قىلدى.

«ھەممە تەرەپ ياردەم بېرىش، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىش» كۆرگەزمە رايونىدىكى «جاپا - مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، چەكسىز مېھىر - مۇھەببەت يەتكۈزۈش» دېگەن بۆلەكتە، ھەرقايسى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ پۈتۈن كۈچى بىلەن خۇبېيغا ياردەم بەرگەن ئىللىقلىق يەتكۈزۈش ھەرىكىتى خاتىرىلەنگەن. شىنجاڭ تيەنلەي گۇرۇھى خۇبېي ئۆلكىسىگە 100 توننا داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىسپىرت، قۇربان تولۇم يېزا ئىگىلىك تېرىقچىلىق كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى خۇبېيغا بەش توننا ئەلا سۈپەتلىك گۈرۈچ ئىئانە قىلدى... تاغ - دەريالار ئايرىپ تۇرسىمۇ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق «ئۆزىڭىزنى يۆلەكسىز دېمەڭ، بىز سىزگە ھەمدەم بولىمىز» دېگەن چوڭقۇر قان قېرىنداشلىق ھېسسىياتىنى شەرھلىدى.

كۆرگەزمىدە «ئەڭ گۈزەل دەقىقىلەر»گە ئېھتىرام بىلدۈرۈلگەن بىر ئېلېكترونلۇق چوڭ ئېكران تېمى بار بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە خۇبېيغا ياردەم بېرىشكە كەلگەن 42 مىڭ 600 دوختۇر - سېستىرانىڭ ماسكىسىنى ئېلىۋەتكەن پەيتتىكى سۈرىتى تەكرار كۆرسىتىلىپ تۇراتتى، شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ 509 ئەترەت ئەزاسى (بىڭتۈەننىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)نىڭ ھەممىسى بۇنىڭ ئىچىدە بولۇپ، تارىخ بۇ قەھرىمانلارنىڭ چىرايىنى مەڭگۈ ئەستە ساقلايدۇ، ئۇلار يېڭى دەۋردىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر.

كۆرگەزمىنى كۆرگىلى كەلگەن تاماشىبىنلارنىڭ ھەممىسى ئاشۇ ئىنتايىن جاپالىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش مۇساپىسىدىن ھەيران بولماي تۇرالمىدى، پۈتۈن مەملىكەت بىر نىيەتتە بولىدىغان ئىتتىپاقلىق ئۇلۇغ كۈچىدىن تەسىرلەنمەي تۇرالمىدى. پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ تولۇق قوراللانغان يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئەترەت ئەزالىرىنىڭ سۈرىتى ئالدىدا، ۋۇخەن شەھەر ئاھالىسى ياۋ جۈنشيەن قەدىمىنى توختىتىپ ئۇزاققىچە تۇردى، «مەن شىنجاڭغا بېرىپ باققان، ناھايىتى يىراق، ئەمما ناھايىتى گۈزەل. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرغان مەزگىلدە، شىنجاڭ داۋالاش ئەترىتى يىراق يوللارنى بېسىپ كېلىپ ياردەم قىلدى، بۇ دوستلۇق مېھرىنى بىز مەڭگۈ ئېسىمىزدە ساقلايمىز» دېدى ياۋ جۈنشيەن كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالغان ھالدا.



**سۈرەتتە: 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش مەخسۇس تېمىلىق كۆرگەزمىسىدە، تاماشىبىنلار شىنجاڭنىڭ خۇبېيغا ياردەم بېرىش داۋالاش ئەترىتىنىڭ ئەترەت بايرىقى ۋە داۋالاش ئەترىتىدىكى ئەترەت ئەزالىرىنىڭ ئىسمى لىق يېزىلغان مۇداپىئە كىيىملىرىنى كۆرمەكتە.**

**□پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جوۋ پېڭ فوتوسى**

(بېشى 1 - بەتتە)

ئالغا سىلجىتىش، يېشىللىق ئارقىلىق خەلققە نەپ يەتكۈزۈش، يېشىل، ھەمبەھرە سۈپەتلىك ماركىسنى يارىتىش، ئۆرنەك قىلغىلى، ئومۇملاشتۇرغىلى بولىدىغان «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈش، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىنىڭ ئۆلچەم خادىسى ئەندىزىسىنى تۇرغۇزۇش، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىغا ئۈلگە بولۇش، يېتەكلەشنى مەقسەت قىلغان.

قورغاس ناھىيەسى ۋە بىڭتۈەن 9 - شىسى 161 - تۈەنى بۇ بىرقانچە يىلدا «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغ»نى «ئالتۇن تاغ، كۈمۈش تاغ»قا ئايلاندۇرۇش جەھەتتە پايدىلىق ئىزدىنىپ ھەم ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق» ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنى ئۈلگە بىلەن تەمىنلىدى.

بۇنىڭدىن باشقا، تېكەس ناھىيەسى، قابا ناھىيەسى دۆلەت ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش شەھەر - ناھىيەسى بولۇپ تاللاندى. ئىككى جاي «ناھىيەنى ئېكولوگىيە ئارقىلىق قۇرۇش» ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىت سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ساياھەتنى يېتەكچى قىلغان ئېكولوگىيە كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشى ئارقىلىق 1 -، 2 -، 3 - كەسىپلەرنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىغا سىجىل تۈرتكە بولدى. بۇنىڭدىن ئىلگىرى، موڭغۇلكۈرە ناھىيەسى، توققۇزتارا ناھىيەسى، بۇرچىن ناھىيەسى دۆلەت ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى قۇرۇلۇشىدىكى ئۈلگە كۆرسىتىش شەھەر - ناھىيەسى بولۇپ تاللانغان.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېيىنىڭ ئۈنۈملۈك قانات يايدۇرۇلۇشىغا پۇختا ئاساس سالدى.

9 - ئاينىڭ ئاخىرىغا قەدەر، شىنجاڭدىكى نامرات رايونلاردا 229 تەمىنلەش سودىگىرىنىڭ نامراتلارنى يۆلەش 832 سۇپىسىدا رويخەتكە ئالدۇرۇشى تاماملىنىپ، سېتىش سوممىسىنىڭ 100 مىليون يۈەندىن ئېشىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى؛ ناھىيە دەرىجىلىك ئېلېكترونلۇق سودا ئاممىۋى مۇلازىمەت مەركىزى ۋە ئەشيا ئوبوروتى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش مەركىزىدىن 47 سى، يېزا - كەنت دەرىجىلىك پونكىت نۇقتىسىدىن 3189ى قۇرۇلۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش يوللىرى تېخىمۇ راۋانلاشتى.

توردىكىلەر ۋە تور سىرتىدىكىلەر تەڭ كۈچىدى. ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېيى مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا كوپېراتىپى شىنجاڭ سىرتىدىكى تور «سودا ساراي، تاللا بازارلار بىرلىشىپ تىجارەت قىلىش»تىن ئىبارەت سېتىش ئەندىزىسىدىن پايدىلىنىپ، خام، يېڭى مەھسۇلاتلارنى زەنجىرسىمان سېتىش يوللىرى بىلەن ھەمكارلىشىپ، ھۆل، قۇرۇق مېۋىلەرنى سېتىش سالمىقىنى زورايتتى، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى جەمئىي قۇرۇق مېۋە تۈرىدىكى مەھسۇلاتتىن 3000 توننىغا يېقىن، يېڭى مېۋىدىن 200 توننىدىن ئارتۇقنى ماڭدۇردى.

شىنجاڭغا ياردەم بېرىش مېخانىزمى ئوخشاشلا مۇھىم رول ئوينىدى. ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان ھەرقايسى جايلار شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابلىرى بىلەن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئالاقىلىشىپ، ئالاقىدار ئۆلكە، شەھەرلەر بىلەن دەل جايىدا ئۇدۇللىشىپ، ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلارنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەردىكى ئورگان، كارخانا، مەكتەپ، دوختۇرخانا، قىسىم قاتارلىقلارغا كىرىشىگە تۈرتكە بولۇپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشقا كۈچ قوشتى. ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېيى مەزگىلىدە، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان 19 ئۆلكە، شەھەر ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان جايلارنىڭ تەخمىنەن 50 مىڭ توننا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتىنى سېتىشىغا ياردەم بەردى، سېتىش سوممىسى تەخمىنەن 700 مىليون يۈەن بولدى.

**كۆپ تەرەپ بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىش ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش چوڭ ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈش**

چىلان، ياڭاق، ئۆرۈك قېقى، قىزىلگۈل يۇبكىسى... 9 - ئاينىڭ 29 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە بىر مەيدان مەھسۇلات تونۇشتۇرۇش يىغىنى يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات بانكىسى شىنجاڭ شۆبىسى ئورگىنىدا ئۆتكۈزۈلدى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى نامرات رايونلاردىن كەلتۈرۈلگەن 180 خىلدىن ئارتۇق نامراتلارنى يۆلەش خاس مەھسۇلاتى پۈتۈن بانكا خادىملىرىنىڭ تاللىشىغا قويۇلدى، شۇ كۈندىكى سودا سوممىسى 30 مىڭ يۈەنگە يېقىنلاشتى.

ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار ھۆكۈمەت يېتەكلەش، جەمئىيەت قاتنىشىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، سېتىش يوللىرىنى كېڭەيتىش، نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەر ئارقىلىق، جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە قاتنىشىشقا سەپەرۋەر قىلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون نۇقتا بەلگىلەپ نامراتلارنى يۆلەشنىڭ ئۈلگىلىك، يېتەكچىلىك رولى ئارقىلىق، ھەر دەرىجىلىك ئورگانلار ۋە كارخانا، كەسپىي ئورۇنلار قاتارلىقلارنىڭ نامرات رايونلارنىڭ 700 مىليون يۈەندىن ئارتۇق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بىۋاسىتە سېتىۋېلىشىغا ۋە سېتىشىغا ياردەم بېرىشكە تۈرتكە بولدى؛ ئىقتىسادى كۈچلۈك 33 ناھىيە (شەھەر، رايون)نىڭ ياردەمگە ئېرىشىۋاتقان 27 ناھىيە (شەھەر)دىن بىۋاسىتە سېتىۋالغان ۋە سېتىشىغا ياردەم بەرگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سوممىسى 93 مىليون يۈەنگە يەتتى.

ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلىك سودا - سانائەتچىلەر بىرلەشمىلىرى نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش پائالىيىتىنى پائال قانات يايدۇردى. پۇقراۋى كارخانىلار بىۋاسىتە سېتىۋالغان ۋە سېتىشقا ياردەم بەرگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تەخمىنەن 431 مىليون يۈەن بولدى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون خاراكتېرلىك 70 جەمئىيەت تەشكىلاتى 934 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشقا يېتەكلەندى ۋە سەپەرۋەر قىلىندى، 60 مىليون 610 مىڭ يۈەن قىممىتىدە ماددىي ئەشيا ئىئانە قىلىندى، بىۋاسىتە قاتناشقان ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قىممىتى 8 مىليون يۈەندىن ئاشتى.

**پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەش ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ دەرىجىسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش**

ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېيى پائالىيىتى ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ھەرىكىتى يەنىلا قىزغىن ئېلىپ بېرىلماقتا.

ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق تونۇشتۇردى: ئاپتونوم رايونىمىز نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرىنى بېكىتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئالغا سىلجىتىپ، نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرىنى بېكىتىش تەرتىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرى كارخانىلىرىنىڭ سالاھىيىتىنى بېكىتىش ئۆتكىلى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپەت ئۆتكىلى ۋە يېمەكلىك بىخەتەرلىكى ئۆتكىلىنى چىڭ تۇتۇپ، نامراتلارنى يۆلەش بويىچە تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى مەھسۇلاتلارنى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش يېشىل يولىغا كىرگۈزىدۇ. ھازىرغىچە، ئاپتونوم رايونىمىز نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتىدىن جەمئىي 1641نى، نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارغا نەپ يەتكۈزۈش كارخانىسىدىن 392نى بېكىتتى، بۇ، 12 ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، 78 ناھىيە، شەھەر، رايونغا چېتىلىدۇ، تاۋار قىممىتى 16 مىليارد 753 مىليون يۈەنگە يېتىدۇ.

ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس پوكەيى، مەخسۇس سارىيى، مەخسۇس رايونى قۇرۇلۇشىمۇ تېزلىتىلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە 1 - تۈركۈمدە ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس پوكەيدىن 2000دىن ئارتۇقى نۇقتىدا سىناق قىلىشقا قويۇلدى، ئالدى بىلەن ئۈرۈمچى شەھىرى، سانجى شەھىرىدە نۇقتىدا سىناق قىلىش باشلاندى، نۆۋەتتە ئەمەلىيلەشكەن ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس پوكەيى 124. شىنجاڭغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سۈپىسىنىڭ ئەۋزەللىكى جارى قىلدۇرۇلۇپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ شىنجاڭ ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس سارىيى قۇرۇشى ئۈستىدە ئىزدىنىلىۋاتىدۇ، 1 - تۈركۈمدىكى نۇقتىدا سىناق قىلىش قۇرۇلۇشى 28، نۆۋەتتە قۇرۇلغان ھەم تىجارەت باشلىغان (دەرىجىسى ئۆستۈرۈلۈپ ئۆزگەرتىلگەنلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس سارىيى 70. ھەرقايسى جايلار ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بازىرى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا بازىرى، سودا ساراي، تاللا بازار قاتارلىقلاردا نامراتلارنى يۆلەش مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش مەخسۇس رايونى، ياكى ئورنى قاتارلىقلارنى تەسىس قىلدى، 1 - تۈركۈمدىكى نۇقتىدا سىناق قىلىش قۇرۇلۇشى 500، نۆۋەتتە ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس رايونىدىن 354ى قۇرۇلدى.

بۇنىڭدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىز ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى نامرات رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، تىجارەت - سودا يوللىرىنى كېڭەيتىش، نامرات رايونلارنىڭ كەسىپ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، نامرات ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم تەدبىر قىلىپ، «نامراتلارنى يېتەكلەش»نى مەركەز قىلىپ، دەل جايىدا بولۇش تەلىپى، ئورتاق تەرەققىي قىلىش ۋە نامرات ئامما قاتنىشىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئۈزلۈكسىز تۈردە نامرات ئامما ۋە سېتىۋېلىش سۇبيېكتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەنپەئەت باغلىنىشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «دەل جايىدا يېتەكلەش» «مۇقىم يېتەكلەش»تىن ئىبارەت ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، نامراتلارنى يېتەكلەش، نامراتلارنى ئازايتىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش سۈپىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرىدۇ.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)